دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەيمەن

□ پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلبويى بازىرى ئارا قىشلاق كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ خاتىپى مەخسۇم ئوبۇل

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، قەتئىي قوشۇلمايمەن. مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بەردى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش، يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىك رەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەلىم - تەربىيەنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىزمنى مەنبەدىن تۈگىتىش. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئەجەبا بۇ، كىشىلىك ھوقۇققا ئەڭ چوڭ كاپالەتلىك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەم جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئايان، نەتىجە - ئۈنۈمى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بىراق ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ شىنجاڭغا قارا چاپلىدى، ھۇجۇم قىلدى. بۇ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، ئۇنىڭغا يول قويغانلىق، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، بۇ خىل قىلمىش زور خاتالىق بولۇپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۆزىمۇ پايدا ئالالمايدۇ، بۇنىڭغا بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ زومىگەرلىكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە خالىغانچە قارا چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى، بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلارغا شۇنى ئېنىق ئېيتالايمەنكى، بۇ پۈتۈنلەي ئىغۋا، تۆھمەت قىلغانلىق. بىزنىڭ شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىلماسلىق، قايسى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش، ناماز ئوقۇش - ئوقۇماسلىق، قانچە قېتىم ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش - تۇتماسلىقنى پۈتۈنلەي ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەسچىتلەردە مۇنچا، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا، مەدەنىيەت كىتاب ئۆيى سېلىندى، سۇ، توك، يول، پار، تېلېفون، رادىيو - تېلېۋىزىيە تۇتاشتۇرۇلدى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، كومپيۇتېر، تېببىي دورىلار، ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرى، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلاش ئۈسكۈنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپى ھەمدە مېيىپلەر ناماز ئورۇندۇقى قاتارلىقلار سەپلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، تۇتقىلى بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان ئاممىغا ھەققىي غەمخورلۇق قىلدى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۇنى بىلەمدۇ؟ قانچىلىك بىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاشقا نېمە سالاھىيىتى بار؟

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن بېيىشقىچە بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شىنجاڭنىڭ ئىشىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. مەن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بىز ھازىر تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدۇق، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدكە تولدۇق. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە قوللانغاچقا ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، بىز بۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، قوللايمىز.

بۇ يەردە مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بىز ھەرقانداق كۈچنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ.

# بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان تۇرمۇشىمىزنى ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە قىلىمەن

□ ساۋەن ناھىيەسى سەنداۋخېزى بازىرى ياشلار يولى مەسچىتىدىكى دىنىي زات ئىسرائىل ئىسلام

ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، كەنتىكە توك يەتكۈزۈلمىگەن، يورۇتۇشتا ئاساسەن كىرسىن چىراغقا تايىناتتۇق، ئولتۇرۇۋاتقان كېسەك ئۆيىمىزدىن بوران ئۇچۇپ توپا يېغىپ تۇراتتى، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى يامغۇر ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۆيدىن چىقىپ بازارغا بېرىشتىمۇ قاتناش ئىنتايىن قولايسىز ئىدى، ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە بېرىش چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، بىز ئېرىشكەن ئەمەلىي نەپمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، تۇرمۇش مۇھىتىمىز ۋە تۇرمۇش شارائىتىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئاسفالت يول، تۇرۇبا سۈيى، ئالاقە تورى، رادىيو - تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەنتلەرگە يەتكۈزۈلۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، پىكاپ قاتارلىقلارمۇ پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە تەدرىجىي ئومۇملىشىۋاتىدۇ، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى قىزىپ كەتتى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرماقتا.

بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن. بىز شىنجاڭنىڭ بىر مەزگىل تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنىڭ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ سادىر قىلدى، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامراپ كېڭىيىپ كېتىشى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا يېنىك رەك خىلاپ قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسىنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئاشۇ ئاممىلار دۆلەت ئورتاق تىلى، قانۇن - نىزام، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق كاللىسىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن چەك - چېگرانى ئۈزۈل - كېسىل ئېنىق ئايرىپ، قايتىدىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولدى. كۆپچىلىك «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل ئەپت - بەشرىسىنى ئېنىق تونۇپ، «ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ئاپەت» دېگەن قائىدىنى چۈشەندى.

ھازىر، بىز ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىۋاتىمىز، جەمئىيەت سىجىل ئىناق، مۇقىم بولماقتا، ساغلام تەرەققىي قىلماقتا، خەلق خاتىرجەم، بەختلىك، خۇشال - خۇرام ياشاۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئولتۇراق مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ قانۇنلۇقلارنى قوغداش، قانۇنسىزلارنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى؛ دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى يىلدىن - يىلغا ئۆستۈرۈلدى، ھازىر مەن ئايدا 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئالالايمەن، «تۆت سۇغۇرتا، بىر كاپالەت» ۋە ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەممىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي نەپتىن بەھرىمەن بولدۇق.

ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى يېقىندا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى. شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى بولغان - بولمىغانلىقى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭدا ياشىغان دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن ۋە قوللايمەن، مەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان تۇرمۇشىمىز ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ يامان نىيەتلىك ھۇجۇمى ۋە تۆھمىتىگە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىمەن.

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى يار بازىرى يېڭىمەھەللە كەنتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئادىل ئابلىمىت

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە كەلسە - كەلمەس قول تىقتى، خالىغانچە بوھتان چاپلىدى. دىنىي ساھەدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى، ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىناق، خاتىرجەملىكى، دىنلارنىڭ ئىناق - رايىشلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى يامان غەرەزدە ئەيىبلەپ، ئۇنى بۇرمىلاپ قارا چاپلىغانلىقى ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەردىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ساختىلىقى ۋە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

مەن ھەققىي تۇرپانلىق، ئۆز كۆزۈم بىلەن تۇرپاننىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم: پۇقرالارنىڭ يانچۇقى بارغانسېرى تومپايدى، تۇرمۇشى بېيىدى، شەخسىي ئاپتوموبىلى بارلار بارغانسېرى كۆپەيدى. لېكىن بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نوپۇس كۆپ بولۇش، تاشقى ئالاقە راۋان بولماسلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولۇش، ئۇچۇر راۋان بولماسلىق، زامانىۋى پەننىي بىلىملەر كەمچىل بولۇش قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللارنى ۋاستە قىلىپ، دىنىي ئەسەبىزمنى تارقىتىپ، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، بارلىق زامانغا لايىق قاراش ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئاتالمىش «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ»نى تەرغىب قىلىپ، ئاتالمىش «كاپىر» «دىنىي مۇناپىقلار»غا زىيانكەشلىك قىلدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، ئوتتۇرا يول تۇتقان، توغرا ئېتىقادلىق دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى، زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتتى. دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپلىگەن ئاممىغا ئېغىر روھىي بويۇنتۇرۇق سېلىندى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېغىر كاشىلىغا ئۇچرىدى، جەمئىيەت، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىك رەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە سىستېمىلىق تەلىم - تەربىيە بېرىشى زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىشنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاممىنى كەسپىي دەرس تەربىيەسى ۋە ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلىدى، دائىم مول، رەڭدار مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قايتالايدۇ، ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. شارائىتى يار بېرىدىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر كۆپ خىل ماھارەت بىلەن تەربىيەلەندى، تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى خىل ماھارەتنى پىشىشىق ئىگىلەپ، تىرىكچىلىك ماھارىتىگە ئىگە بولدى. بىزنىڭ بۇ يەردىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەممىسى مۇنداق دېيدۇ: تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەردە ناھايىتى روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، قانۇن ئېڭى كۈچەيدى، ئەمگەك ماھارىتىگە ئىگە بولدى، روھىي قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى. ئۇلار زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئىستىلىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. لېكىن ئامېرىكا تەرەپ ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇلارنىڭ يامان سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

شىنجاڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. «دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن، قانۇن - بەلگىلىمىلەردە قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چەك - چېگراسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى قانۇنچىللىق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» مۇقىم ئالغا سىلجىتىلىپ، مەسچىتلەر ئۈچۈن سۇ، توك، سوۋۇتۇش - ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرى، مۇنچا ۋە سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا قاتارلىق ئەسلىھەلەر سەپلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى يەنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز دىنىي زاتلارغا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەللەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنى بېجىرىپ بەردى، يەنە ئايدا بىزگە تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ بەردى.

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق - رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئامېرىكا تەرەپ باشقىلارغا، ئۆزگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك زومىگەرلىك قىلمىشىنى دەرھال توختىتىشى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشنى، قۇتراتقۇلۇق قىلىشنى توختىتىشى كېرەك. بولمىسا، مۇقەررەر ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)